# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 18 ـ سان
يانۋار 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# خىتاي ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگە هۇجۇم قىلدى



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# قازاقىستان ۋەقەسىدە خىتاينىڭ قولى

*مەتە خان قەشقەرىي*

قازاقىستاندا چىققان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاساسلىق نىشانى يېڭىدىن قۇرۇلغان «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى»

قازاقىستان جۇغراپىيەلىك ئورنى كەڭ، يەر ئاستى بايلىقى ۋە مۇنبەت تۇپراقلىرى بىلەن ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. بۇ قېتىم قازاقىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي تەلىپى ئېغىر دەرىجىدە ئىغۋاگەرچىلىككە ئۇچرىدى، ئامىمۋى تەرتىپ بۇزۇلۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ ماقالىدە قازاقىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا قايسى دۆلەتنىڭ پەردە ئارقىسىدىن قوماندانلىق قىلغانلىقىنى ئانالىز قىلىمىز. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئېيتقاندەك، بۇ ۋەقەلەر پۈتۈنلەي مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يۈز بەرگەن.

ئامېرىكىنىڭ قازاقىستانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئامېرىكا خىتاينى ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدا قورشاۋغا ئالغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئىتتىپاقدىشى تۈركىيە باشچىلىقىدىكى تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ كەلگۈسىدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئوخشاش ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇشى، ئامېرىكانىڭ خىتاينى غەربتىن (ئوتتۇرا ئاسىيادىن) قورشاۋغا ئېلىش پىلانى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىمۇ خىتاينىڭ تارىخىي يىپەك يولىدا بەرپا قىلىشنى پىلانلىغان ھاكىممۇتلەقلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، شۇنداقلا تۈرك دۆلەتلىرىنى رۇسىيەنىڭ تەسىرىدىن ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكە پىلانىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە چوڭ بىر لايىھە.

> ئامېرىكا قازاقىستاندا قالايمىقانچىلىق چىقىشىنى خالىمايدۇ. بۇنداق قالايمىقانچىلىق ئامېرىكىنى نوپۇزغا ئىگە قىلمايدۇ ياكى قازاقىستانغا تاجاۋۇز قىلىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. ئەكسىچە رۇسىيەگە شۇنداق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن ۋە ھازىرقىدەك بارلىق گۇمانلارنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈۋالغان بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ قارىشىچە، قازاقىستاندىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي داۋالغۇش قازاقىستاننى خىتايغا تېخىمۇ بېقىندى قىلىپ قويىدۇ ۋە خىتايغا نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» لايىھەسىنى توسۇش ئۈچۈن، تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكا بۇ نۇقتىدىن خىتايغا قارشى كۈچلۈك بىر قازاقىستاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالايدۇ.

## خوش، رۇسىيەچۇ؟

رۇسىيە ھازىرقى ۋەزىيەتتە دىققىتىنى ئۇكرائىنا ۋە بالقان رايونىغا قاراتقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا باغچىسى دەپ قارايدىغان قازاقىستاندا قالايمىقانچىلىق چىقىشىنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رۇسىيەنىڭ دىققىتى سۈرىيە ۋە لىۋىيەگە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، دىققىتىنى چېچىپ، يەنە قازاقىستاندا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە قىرىمنى قانۇنسىز ئىشغال قىلغانلىقى سەۋەبىدىن خەلقئارانىڭ قاتتىق ئېمبارگولىرىغا دۇچ كەلمەكتە. ھەتتا ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنىڭ ئېشىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى رۇسىيە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رۇسىيەنىڭ قازاقىستاندا قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى تۆۋەن. بىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتساق، ھەم ئامېرىكا، ھەم رۇسىيەنىڭ خىتايغا قارشى تۇرالىشى ئۈچۈن تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىغا ئېھتىياجلىرى بار.

## خىتاينىڭ نوپۇس كېڭەيمىچىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيەسى

خىتاينىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيەسى كۆرسىتىلىۋاتقىنىدىن تولىمۇ چەكلىك. خىتاي ئاساسەن چەت ئەل ئېنېرگىيەسىگە تايىنىدۇ، تەبىئىي بايلىقلىرىمۇ چەكلىك. دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىمۇ يېتەرسىز بولغاچقا، ئاشلىق زاپىسىمۇ چەكلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلدىن-يىلغا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى خىتاينىڭ يېتەرلىك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر دەرىجىدە قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا.

خىتاي 2021 - يىلى دۇنيادا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىقنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېلىپ زاپاسلىغان. خىتاي ئەگەر ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ زاپاسلاش ھەرىكىتىنى 2022 - يىلىمۇ داۋاملاشتۇرسا، دۇنيادىكى كۆممىقوناقنىڭ 69% نى، گۈرۈچنىڭ 60% نى ۋە بۇغداينىڭ 51% نى يىغىۋالىدۇ. ب د ت نىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر خىتايدا 600 مىليون ئادەم ئاچارچىلىقتا ياشىماقتا. خىتاي دائىرىلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. خىتاي ھازىر بولۇپمۇ تۈركىستان جۇغراپىيەسى (ئوتتۇرا ئاسىيا) دىكى دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا كۆز تىكتى.

خىتاينىڭ نوپۇس كېڭەيمىچىلىكىنى ئاساس قىلغان زامانىۋى ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە، تىنچ ئوكياندىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە خىتاي نوپۇسى خېلىلا كۆپەيدى. خىتايلارنىڭ سانى سىنگاپوردا 74%، مالايشىيادا 24.6%، ھىندونېزىيەدە 17.9%، تايلاندتا 15% كە يەتتى (بۇ مىساللارنى يەنىمۇ كۆپەيتكىلى بولىدۇ). ھازىر خىتايلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.[1]

خىتاينىڭ ئافرىقىنى ئىقتىسادىي مۇستەملىكە رايونىغا ئۆزگەرتىشكە باشلىغانلىقى ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك-مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ ئېنىق پاكىتىدۇر. خىتاي ھازىر جەنۇبىي ئافرىقىغا 400 مىڭدىن 500 مىڭغىچە، ماداغاسقارغا 100 مىڭدىن 150 مىڭغىچە، ئېفىيوپىيەگە 70-60 - مىڭغىچە، كونگوغا 30-25 مىڭغىچە خىتاي نوپۇسى يەرلەشتۈرۈپ بولدى. خىتاي «قەرز بېرىش دىپلوماتىيەسى» سىستېمىسى ئارقىلىق دۆلەتلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلماقتا ۋە قەرز قايتۇرۇش بەدىلىگە دۆلەتلەرنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە دېڭىز پورتلىرىنى تارتىۋالماقتا.

## رۇسىيەنىڭ ئەسلى رەقىبى ئامېرىكا ئەمەس، خىتاي

گەرچە رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئامېرىكا بولسىمۇ، رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مەنپەئەتى بىردەك ئەمەس. خىتاي ئېھتىياجلىق ئېنېرگىيەنى رۇسىيەدىن ئەرزان باھادا سېتىۋالماقتا. بۇ ئىمتىيازى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە تايىنىپ قېلىش ئەھۋالىنى تۆۋەنلەتمەكتە. ئەمما خىتاي ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، رۇسىيەنىڭ سىبىرىيە زېمىنىغا كۆز تىكمەكتە. ھەتتا سىبىرىيەدىكى خېلى كۆپ شەھەرلەردە خىتاي ئىشچىلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىشكە باشلىدى. رەسمىي ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر رۇسىيەدە 400 مىڭ خىتاي ياشايدىغان بولۇپ، سىبىرىيەدە ئولتۇراقلاشقان خىتاي نوپۇسى ئىككى مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم. قازاقىستاندا بولسا ئولتۇراقلاشقان خىتاي نوپۇسى تەخمىنەن 400 مىڭغا يېتىدۇ.



سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، رۇسىيە باشقا نۇرغۇن جايلارغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىنى يوقاتتى، بۇ بوشلۇقنى خىتاي تولدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە خىتاي رۇسىيەنىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيانىدىكى تەسىرىنىڭ قايتىدىن كۈچىيىشىنى خالىمايدۇ. بۇ ئەھۋال باشقا رايونلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. رۇسىيە، ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش خەۋپىگە قارشى ئوتتۇرا شەرقتە نەچچە مىليارد دوللار خەجلەشكە مەجبۇر بولماقتا. خىتاي بولسا ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان، ھېچقانداق خەتىرى يوق، «شەپىسىز» ھالدا تەسىرىنى كۈچەيتمەكتە. خىتاينىڭ بۇ «شەپىسىز» ئىلگىرىلىشى ئۇزۇن مۇددەتتە رۇسىيەنىڭ بۇ رايوندىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن تەھدىت شەكىللەندۇرۇش سەۋىيەسىگە يەتتى.

رۇسىيە گەرچە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن يۈز ئۆرۈپ، شەرققە يۈزلەنگەن بولسىمۇ ۋە خىتايمۇ رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، رۇسىيە خىتاينىڭ ئۇيۇقتا كۆرۈنۈۋاتقان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىمپېرىيالىستى بولۇش تەھدىتىگە ئۆزى يالغۇز قارشى تۇرالمايۋاتىدۇ ھەمدە ئاستا-ئاستا خىتاينىڭ خام ئەشيا مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. خىتاي بۇ ئىمپېرىيالىستلىقىدىن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

خىتاي يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيەنىڭ ئاجىز ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ناھايىتى كۈچلۈك يىلتىز تارتىشقا ئۇرۇنماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر يىلى يەر ئاستى بايلىقىنى قېزىش ۋە بوش قالغان زېمىننى ئىشلىتىش باھانىسى بىلەن، تېخىمۇ كۆپ نوپۇسنى يۆتكەپ كەلمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيەگە كۆچۈشىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماي، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرماقتا ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپلەپ رۇسىيە زېمىنىغا كۆچۈپ كېلىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرمەكتە. خىتاي دائىرىلىرى رۇسلار بىلەن توي قىلغان پۇقرالىرىغا بەلگىلىك مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم قىلماقتا، ئەگەر بۇ نىكاھتىن بالا تۇغۇلسا، ياردەم پۇلىنى كۆپەيتمەكتە.

خىتاي ھازىر ئۆزىنىڭ نوپۇس كېڭەيمىچىلىكىنى ئاساس قىلغان زامانىۋى ئىستراتېگىيەسىنىمۇ يوشۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى يۈەنچاۋ دۇنيادىكى ئەڭ ئەمگەكچان كىشىلەرنىڭ خىتايدا ياشايدىغانلىقىنى، رۇسىيەدە بولسا نۇرغۇن قۇرۇق يەرلەرنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالدى. لى يۈەنچاۋ يەنە ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا تەرەققىياتى ئۈچۈن بۇ ئىككى نۇقتىنى بىرلەشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىنمۇ ئىككىلەنمىدى. موسكۋا بولسا بۇ تەھدىتنى بىلگەچكە، بەزى تەدبىرلەرنى يولغا قويماقتا. ئەمما قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسى بولامدۇ-بولمامدۇ، ھازىرچە نامەلۇم.

ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملاشسا، رۇسىيەدە خىتاي نوپۇسى رۇسىيە نوپۇسى بىلەن ئوخشاش نىسبەتكە يېتىدۇ ھەمدە تەبىئىي ھالدا رۇسىيەنىڭ سىياسىتى ۋە ھاكىمىيىتىدە گېپى ئۆتىدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئەگەر خىتاينىڭ رۇسىيەدىكى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى پىلاندىكىدەك بولسا، خىتاينىڭ رۇسىيەدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل رايونغا بېسىم ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. ھازىر رۇسىيە خەلقى ئارىسىدا خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك خەۋپى ئەڭ ھالقىلىق مۇنازىرە قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

رۇسىيە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەمەس، «ياۋرو-ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلەشمىسى» ۋە «كوللېكتىپ بىخەتەرلىك شەرتنامىسى تەشكىلاتى» قاتارلىق خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان باشقا تەشكىلاتلارغا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئەگەر رۇسىيە خىتايغا قارشى مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرماقچى بولسا، بۇ لىنىيەنى پەقەت تۈركلەر بىلەنلا ئىشقا

ئاشۇرالايدۇ. رۇسىيە بەلكىم يېقىن كەلگۈسىدە «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى»نىڭ كۆزەتكۈچى ئەزاسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ كۆزنەكتىن قارىساق، رۇسىيە قازاقىستاندا قالايمىقانچىلىق چىقىشىنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. چۈنكى ئەگەر رۇسىيە بىلەن تۈرك دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش چىقسا، بۇ توقۇنۇشنىڭ غالىبى خىتاي بولۇپ قالىدۇ.

## تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىدىن ئەڭ بىئارام بولغان دۆلەت قايسى؟

تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى دۇنياۋى رىقابەت ۋە توقۇنۇش مۇھىتى دۇنيانى ئىككى قۇتۇپقا ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. ئامېرىكا خىتاينىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، رۇسىيە كىرىزىسىنى ياۋروپاغا ھاۋالە قىلىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بۇ ئىككى قۇتۇپتىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇرلاشقا باشلىدى. مانا شۇنداق بىر پەيتتە تۈركىيە «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى»نىڭ قۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى» ئۈچۈن باشقا بىر تاللاش يولىنى (يەنى ئۈچىنچى قۇتۇپنى) بارلىققا كەلتۈردى. چۈنكى تۈرك دۆلەتلىرى ئىككىنچى ئوتتۇرا شەرققە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى بىر تاللاش يولىغا ياكى كۆپ قۇتۇپلۇق بىر دۇنياغا ئېھتىياجلىق ئىدى.

ئەگەر تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى رايوندا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، شۈبھىسىزكى، بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ۋە بەختەرلىكى ئاشىدۇ. شۇنداقلا غەرب ۋە رۇسىيەنىڭ تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئۈستىدە ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى بۇزالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاينىڭ يىپەك يولى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئارقىلىق ئاسىيانىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىش پىلانىنى توختىتالايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق ئىگىسىز قالغان بارلىق خەلقلەرگە ئىگە چىقىش بىلەن بىرگە، باشقا تۈرك ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىمۇ خىتاينىڭ تۆلەش قىيىن بولغان قەرز پاتقىقىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا ۋاستىلىك قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

شۇڭا خىتاي «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى»دىن ئەڭ خەۋپسىرىگەن دۆلەتكە ئايلاندى. خىتاي ھۆكۈمىتى 2021-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ئىستانبۇلدا تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى»(TDT)نى «ھەم خىتايغا، ھەم رايون مۇقىملىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى.

خىتاينىڭ يەر شارى ۋاقىت گېزىتىدە يېزىلغان تەھلىلدە ئوچۇق قىلىپ: «تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ يېقىندىن قۇرۇلغان تەشكىلاتىنىڭ ئەزالار سانىنى ئاشۇرۇشى پانتۈركىزم ئىدىيەسىنىڭ جانلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۈرك ئۇقۇمى تارىخىي بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تۈرك ئەمەس، بەلكى خىتاي ئىرقىغا تەۋە. تۈركىيە تۈرك ئۇقۇمىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشماقتا. ئىستانبۇلدا قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان بۇ تەشكىلات (تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى) رايوندىكى مىللىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى، رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىشى ۋە ئاشقۇن مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىش ئارقىلىق، مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خىتاي تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ئېلىپ كەلگەن پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدېئولوگىيەسىگە قارشى ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشى كېرەك. تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلات ۋە ئېقىملارنىڭ كۆپىيىشى خىتاينى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان بىر قىسىم مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچىلارنى، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ۋە ئاشقۇنلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ»[2] دېيىلدى.

ئۇندىن باشقا، خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتىسى گېزىتى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ: «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى خىتايغا زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ يازدى ۋە «دۇنيا جۇغراپىيەۋى سىياسىتىنىڭ يۈرىكىدە يېڭى كۈچ يۈكسىلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى.

بېيجىڭدىكى خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ (CICIR) باشلىقى يۈەن پېڭ تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ھەققىدە ماقالە يېزىپ: «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ خىتاينىڭ غەربىدىكى شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدا ئۈچ ئەزاسى بار» دەپ تەكىتلىگەن ۋە «دۇنيا گېيوپولىتىكىسىنىڭ مەركىزىدە يېڭى بىر كۈچ كۆچىيىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ بىر تەشكىلاتتىن ھالقىپ باشقا بىر ئىش قىلىش مەقسىتىنىڭ بارلىقى ئېنىق» دېيىش ئارقىلىق، بۇ تەشكىلاتنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستانغا ياردەم قىلىش ئېھتىمالىنى ئىما قىلغان. ئۇ يەنە، «بۇ دۇنيا جۇغراپىيەلىك سىياسىتىنىڭ يۈرىكىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى، ياۋرو-ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىقلارغا قوشۇلغان، يۈكسىلىۋاتقان يېڭى بىر كۈچنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.[3]

خىتاي ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى دونالد ترامپ خىتايغا ئىقتىسادىي ئۇرۇش جاكارلىغاندا ساراسىمىگە چۈشۈپ، كەلگۈسىدە ئۇيغۇر خەلقىنى تامامەن قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان قىلىۋېتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا دۇنيا خەلقى «بۇنىڭدىن كېيىن مۇتلەق بۇنداق ئىش بولمايدۇ» دېگەن ناتسىستلار لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈشتىنمۇ يانمىغانغا ئوخشاش، تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىنمۇ يەنە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشكەن. شۇڭا خىتاي بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ تۈرك دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىشتەك رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىنى ئىشلىتىشتىنمۇ يانمىغاندەك تۇرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ كوزىرى قازاقىستاندا بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى، خىتايدا ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن، خىتاي شىركىتىدىكى شىركەتلەردە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولسىمۇ، داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى رەت قىلىپ كەلگەن قازاقىستاننىڭ سابىق باش مىنىستىرى كېرىم مەسىموفتىن باشقىسى ئەمەس ئىدى.

ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىدىغان، ئەمما باش مىنىستىرلىق مەزگىلىدە نومۇس قىلماستىن كۆپ قېتىم خىتايچە تەخەللۇس ئىشلەتكەن كېرىم مەسىموف باش مىنىستىرلىق دەۋرىدە خىتاي بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە قازاقىستان زېمىنىغا خىتايلارنىڭ كۆپلەپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ خىتاي بىلەن غەيرىي رەسمىي پۇل مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىمۇ تالاش-تارتىش قىلىندى. ئۇ خىتاينىڭ قازاقىستاندىكى مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە قوغداش رولىنى ئوينىدى. خىتاي شېئىرلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىشى بىلەن مەشھۇر بولغان كېرىم مەسىموف خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشلا ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم پۇل-مۇئامىلە گۇرۇپپىلىرى ئۈچۈنمۇ لوبىچىلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەنىدى.

كېرىم مەسىموف ئۈچ قېتىم ھۆكۈمەت باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ بۇ جەريانىدا قازاقىستاندا ياشايدىغان ئىككى مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرغىمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئاستىدا پەرياد چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلارغىمۇ زەررىچە پايدىسى بولغىنى يوق.

خىتاي تاراتقۇلىرى نەزەربايېفنىڭ ئىستېپا بېرىشى بىلەن، كېرىم مەسىموفنىڭ قازاقىستان پرېزىدېنتلىقىغا كۆتۈرۈلىدىغاندەك نامزات ئىكەنلىكىنى يېزىشتى. ھازىر فرانسىيەدە پاناھلىنىۋاتقان، قازاقىستان ئۆكتىچىلىرىنىڭ رەھبىرى دەپمۇ تونۇلغان، قازاقىستاندا بىر مەزگىل ئېنېرگىيە مىنىستىرى ۋە BTA بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان مۇختار ئابلىيازوفمۇ كېرىم مەسىموفنىڭ قازاقىستان پرېزىدېنتلىقىغا ئەڭ ھەقلىق نامزات ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا



قازاقىستان تاراتقۇلىرىمۇ (باش مىنىستىر) كېرىم مەسىموفنىڭ نەزەربايېوف تەرىپىدىن ئىزباسار دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ئىزچىل مۇلاھىزە قىلىشقانىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا ھەرقانداق جەمئىيەتتە بىلىملىك كىشىگە ئورۇن بار، مەسىموفنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى پىرىزىدېنت بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك، دېگەندەك مۇنازىرىلەر دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. ئەمما ئىشلار خىتاي ئويلىغاندەك بولمىدى. خىتاينىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن كېرىم مەسىموفنىڭ ئورنىغا قاسىم جومارت توقايېوف پىرىزىدېنتلىققا سايلاندى. شۇنداق قىلىپ خىتاينىڭ مەخپىي پىلانى ۋە تاتلىق خىيالى سۇغا چىلاشتى.

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق بولۇۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى خىتاينى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ، سەبىر قاچىسىنى توشقۇزدى. سابىق باش مىنىستىر بىنالى يىلدىرىمنىڭ «خىتاي تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ تەبىئىي ئەزاسىدۇر» دېگەن، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان سۆزىمۇ خىتاينى تىنچلاندۇرۇشقا يەتمىدى. خىتاي ئۆز قولىدا يېتىشتۈرۈلگەن، خىتاي مەستانىسى بولۇپ تونۇلغان كېرىم مەسىموفنى تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم دۆلىتى بولغان قازاقىستاننىڭ پىرىزىدېنتلىقىغا تەيىنلەش ئارقىلىق، بۇ تەشكىلاتنى تولۇق كونترول قىلالمىسىمۇ، ھېچبولمىسا تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى پىلانلىدى. خىتاي شۇنىڭ ئۈچۈن قازاقىستاندىكى ئىقتىسادىي داۋالغۇشتىن پايدىلانماقچى بولدى.

خىتاي قازاقىستان خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىئاراملىقى ۋە كىرىم تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىققا قارشى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان، شۇنداقلا پارتلاشقا تەييار بومبىدەكلا ھالغا كېلىپ قالغان غەزەپىنىڭ پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇرۇندىلا قازاقىستاندا پارىخورلۇقنى ئاساس قىلغان دىپلوماتىيەسى ئارقىلىق قۇرۇپ چىققان بىيۇروكراتىك كۈچىنى ۋە مېدىيا كۈچىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

## خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋەھىمە قوزغاش ساختىپەزلىكى

خىتاي قازاقىستاندىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش ئارقىلىق كېرىم مەسىموفنى پىرىزىدېنتلىققا چىقارماقچى بولدى. قازاقىستاندا بارلىققا كېلىدىغان مالىمانچىلىقنىڭ تەسىرى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، ھەمدە «بىر بەلباغ، بىر يول» لايىھەسىگە ۋاقىتلىق توسالغۇ ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، كېيىنكى چاغدا غەربنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن يۈز بېرىدىغان قالايمىقانچىلىقتىن ئىلگىرى ئۆز كونتروللۇقىدا چىققان قالايمىقانچىلىق خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان بولاتتى. خىتاي خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ يۈرۈۋېرەتتى. بارلىق دۆلەتلەر ياۋروپا ۋە رۇسىيەدىن گۇمان قىلىشقا باشلايتتى. ئەسلىدىنلا خىتاينىڭ قەرزىگە بوغۇلۇپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بۇ مالىمانچىلىقنىڭ نەتىجىسىدە خىتايغا تېخىمۇ بېقىندى ھالغا كېلىپ قالاتتى. چۈنكى خىتاي ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا پىلانلىق قالايمىقانچىلىق چىقىرىشنى سىناپ باققان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. تالىبان ۋە ئەلقائىدە بىلەن مەخپىي ھەمكارلىق ئورنىتىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تېررورلۇقتىن قورقىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بۇ ئويۇنى ئارقىلىق سودا ھەمكارلىق تەشكىلاتى بولغان «شاڭخەي بەش تەرەپ ھەمكارلىقى تەشكىلاتى»نى «شاڭخەي خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقى تەشكىلاتى»غا ئايلاندۇرالىغان، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە بېقىندى قىلالىغانىدى.

لىۋىيەلىك 32 ياشلىق بېن خېنى 2001 - يىلى ئۆكتەبىردە ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ ياۋروپادىكى جاسۇسى، دەپ مېيۇنخېندا قولغا ئېلىنغانىدى. ئۇ سوراقتا ئۈچ يىل بۇرۇن (1998 - يىلى) ئامېرىكىنىڭ بازا تەشكىلاتىغا چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ شۇ چاغدا پارتلىمىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئەلقائىدەدىن سېتىۋالغانلىقىنى، كېيىن خىتاي بەرگەن مىليونلىغان دوللارنىڭ چېچەنىستاندىكى مۇجاھىدلار رەھبىرى ئۆمەر زاگھانغا يوللانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ھەتتا ئەلقائىدە تەشكىلاتى بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ ئاۋازلىق لېنتىسى قاتارلىقلارمۇ مۇھاپىزەتچى

(The Guardian) گېزىتىدە ئاشكارىلانغانىدى. [4] ئەمما ھېچكىم خىتايدىن «ئۇ پۇل نېمىشقا چېچەنىستانغا يۆتكەلدى؟ سەن نېمىشقا ئەلقائىدە تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلاشتىڭ؟»دەپ سورىمىدى. ھېچكىم خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سىلىش تېررورلۇق قورقۇنچى پەيدا قىلىش ئارقىلىق نىمىلەرگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى.

خىتاي مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قازاقىستاننى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ۋاقىتلىق قالايمىقانچىلىققا سۆرەپ كىرمەكچى بولدى. بۇ ئويۇننى ئوينىيالايدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات فەتھۇللاھچى تېررورلۇق تەشكىلاتى (FETO) ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فەتھۇللاھچىلارنىڭ خىتايغا ئۆتەيدىغان قەرزىمۇ بار ئىدى. چۈنكى خىتاي 2014 - يىلىدىن بۇرۇن فەتھۇللاھچىلار تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە تۈركىيەنى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىدا «تېررورلۇقنى قوللايدىغان دۆلەت» سۈپىتىدە سوتلىتىش مەقسىتىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا شەرتسىز ياردەم بەرگەنىدى.

2013 - يىلى فەتھۇللاھچىلار «زامان گېزىتى»دە «ۋاي، تۈركىيە دائىشنى قوراللىق تېررورچىلار بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ، تۈركىيە ئۇرۇمچىگە 70 مىڭ پاسپورت ئەۋەتىپ، خىتايدىن قوراللىق ئەسكەرلەرنى ئېلىپ كېلىپ، دائىشقا ئەۋەتمەكچى. ھازىر تۈركىيەنىڭ ياردىمى بىلەن دائىشقا قوشۇلغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ سانى بەش مىڭدىن ئېشىپ كەتتى» دېگەن يالغان خەۋەرلەرنى تۈركچە ھەم ئىنگلىزچە ئېلان قىلغانىدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق تۈركىيەگە قارشى دەلىل تەييارلىماقچى ئىدى. ۋەھالەنكى شۇ چاغلاردا غەربنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تەتقىقات شىركەتلىرى دائىشقا قوشۇلغان چەت ئەللىكلەرنىڭ سانى توغرىسىدا ئەتراپلىق دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ دوكلاتلارنىڭ ھەممىسىدە دائىشقا قوشۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 130 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغانىدى.

دېمەك خىتاي فەتھۇللاھچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەزكۇر 130 غا يېقىن ئۇيغۇرنى تۈركىيە ئارقىلىق دائىشقا ئەۋەتىشكە شەرتسىز قوشۇلغانىدى. مۇشۇنداق بولغاندا، خىتاي ياش ۋاقتىدىن باشلاپ مەرھۇم رەھبەر ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئەردوغان ھۆكۈمىتىدىن قۇتۇلالايتتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يوشۇرۇن تەھدىت دەپ قارالغان ئۇيغۇر ياشلىرىدىنمۇ قۇتۇلالايتتى. خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قارىلاپ، تېررورلۇققا چېتىشلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيتتى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قانۇنىي ئاساس يارىتالايتتى ھەمدە ئۆزى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالالايتتى. خىتاي بىلەن فەتھۇللاھ گۈلەن گۇرۇھىنىڭ مۇشۇنىڭدەك ئۆزئارا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بۇلارنى خېلى بۇرۇنلا بىر يەرگە جەم قىلغانىدى.



شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، دۇنيادىكى بارلىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى پەقەتلا ھۆددىگەرلەردۇر، ئۇلار خوجايىنلىرىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ۋە كىمگە ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشتىن كىمنىڭ ئەڭ كۆپ پايدا ئالغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ھۆددىگەر تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرەلەيمىز.

خىتاي بۇ قېتىم فەتھۇللاھچىلارنىڭ ھۆددىگەرلىكى بىلەن قازاقىستاندىكى ۋاقىتلىق قالايمىقانچىلىق پىلانىنى يولغا قويدى. خەلقنىڭ ناھەق باھا ئۆسۈپ كېتىشلەرگە ۋە كىرىم تەقسىماتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىغا قارشى باشلانغان ھەققانىي نامايىشى توقۇنۇشقا، ھەتتا ئىشغالىيەت ئۇرۇنۇشىغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى

تونۇپ يەتكەن رۇسىيە دەرھال خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان «كوللېكتىپ بىخەتەرلىك شەرتنامىسى تەشكىلاتى» ئەسكەرلىرىنى قازاقىستانغا ئەۋەتتى. ئالدى بىلەن كېرىم مەسىموف دۆلەتكە خىيانەت قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى.[5] مەسىموف ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكىلەر تۈپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە تەشكىللەش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. ئەگەر كېرىم مەسىموفنىڭ جىنايىتى بېكىتىلسە، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر سوراق جەريانىدا ۋەقەنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ بارلىقى ئاشكارىلانسا، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆنتەرتىپىدە ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا قوزغايدىغان رەسۋاچىلىقنى قېنى سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار.

خىتاي قازاقىستاندا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ قاسىم جومارت توقايوفنى قوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ قازاقىستاننىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكىگە ۋە قازاقىستان خەلقىنىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت سالىدىغان تاشقى كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىز داۋالغۇش يارىتىپ، رەڭلىك ئىنقىلاب پەيدا قىلماقچى بولغان چەت ئەل كۈچلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز» دەۋېلىشقا ئالدىرىدى.[6] يەنى ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى.

نۇرسۇلتان نەزەربايېۋفنىڭ باياناتچىسى ئايدوس ئۆكىباي تۇئىتتېر ھېساباتىدا نەزەربايېۋفنىڭ خەلققە «مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە قازاقىستاننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن، پرېزىدېنت توقايوفنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىش ۋە ئۇنى قوللاش» ھەققىدە چاقىرىق قىلغانلىقىنى يازدى.[7]

قازاقىستاندىكى ۋەقەلەرنى ئىككى جۈملىگە يىغىنچاقلايدىغان بولساق، قازاقىستاندا خىتاي بىلەن رۇسىيە ھاكىمىيەت كۈرىشى قىلماقتا. رۇسىيە توقايوفنى ھاكىمىيەتتە تۇتۇپ تۇرۇشنى خالىماقتا ۋە خىتاي بولسا ئۆزىنىڭ مەستانىسى مەسىموفنى سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق بولسىمۇ ھاكىمىيەتكە چىقىرىشنى ئارزۇ قىلماقتا.

قازاقىستاندىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقى ئېنىق. قازاقىستان پرېزىدېنتى توقايوف چەتئەللىك قىسىملارنىڭ ئىككى كۈن ئىچىدە چېگرادىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قېرىندىشىمىز قازاقىستاننىڭ ۋەزىيىتىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇقىملىشىشىغا ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ شەيتانلارچە ئويۇنلىرىغا تېخىمۇ بەك دىققەت قىلىدىغان بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

## كېرىم مەسىموف كىم؟

كېرىم مەسىموف 1965 - يىلى قازاقىستاننىڭ پايتەختى نۇر سۇلتاندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى زىيالىي ئائىلە بولۇپ، دادىسى خىش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى ئىدى. كېيىن ئۇ مىنىستىرلار كېڭىشى قارمىقىدىكى بىر ئورۇننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

كېرىم مەسىموف سىياسىيون بولۇپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇيغۇر دېسە قازاق، دەپ ناھايىتى كۆپ تالاش-تارتىش قوزغىغان. ئەمما ئۇ داۋاملىق ئۆزىنى قازاق دەپ تورۇۋالغان.

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە 1982 - يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتادىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك فىزىكا ۋە ماتېماتىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. كېيىن تېخنىكا مەكتىپىدە (تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە) ئوقۇغان. 1984 - يىلى كەسپىنى ئىستىخبارات بۆلۈمىگە يۆتكىمەكچى بولغان بولسىمۇ، بۇ نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. 1985 - يىلى پاترىس لۇمۇمبانىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىقتىساد ۋە قانۇن فاكۇلتېتىدا ئىنگلىز تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا ئوقۇپ، ياخشى نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەن. كېرىم مەسىموف ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىدىن باشقا، يەنە رۇس، خىتاي، ئىنگلىز ۋە ئەرەب تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ.

## خىتاي بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتى

كېرىم مەسىموف ئىككىسى خىتايدا، بىرى قازاقىستاندا بولۇپ ئۈچ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ 1987 - يىلى KGB دە (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق مەكتىپى) ئوقۇغانلىقى ۋە 1989 - يىلى ئورگانلار ئارا ئالماشتۇرۇش پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خىتايغا ئەۋەتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئۇ 1989 - يىلى خىتاينىڭ بېيجىڭدىكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، خىتاي تىلى ئۆگەنگەن. كېيىن 1991 - يىلىغىچە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

## كەسپىي ھاياتى

كېرىم مەسىموف 1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىكى سودا ئۆمىكىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1991 - يىلى قازاقىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەمگەك مىنىستىرلىقىدا تاشقى مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. كېيىن قازاقىستاننىڭ ئىشتات ۋە سودا ئورگانلىرىدا كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىچىدە خىتاي ۋە خوڭكوڭ بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش قاتارلىقلارمۇ بار.

ئۇ 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە قازاقىستانغا ۋاكالىتەن خىزمەت قىلغان ۋە قازاقىستاننى خىتاي ماللىرى بىلەن تەمىنلەش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ كەسپىي ھاياتىدا تېزلىكتە قەد كۆتۈرگەن. 1995 - يىلى قازاقىستان دۆلەت ئاكادېمىيەسىنىڭ مالىيە ۋە كىرېدىت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دىپلومىنى ئالغان. 1995 - يىلدىن كېيىن بانكا كەسپىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1995 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە بىر قانچە بانكىدا بانكا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن (بانكىنىڭ كۆپلىگەن نېفىت شىركەتلىرى بىلەنمۇ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بارلىقى مەلۇم).

مەسىموف 1997 - يىلدىن باشلاپ تۇران بانكىسىنىڭ مۇدىرىيەت رەئىسى بولغان، 1997 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق ئامانەت بانكىسىنىڭ مۇدىرىيەت رەئىسى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئاخبارات ئورگانلىرى مەسىموفنىڭ نۇرغۇن پۇل-مۇئامىلە مەركەزلىرى ئارقىلىق قانۇنسىز پايدا ئالماقچى بولغانلىقىنى، خەلق ئامانەت بانكىسىنىڭ كولىبايىف ۋە ئۇنىڭ ئايالى دىنارا نەزەرباييوۋانىڭ مۈلكىگە ئايلانغانلىقىنى قايتا-قايتا ئاشكارىلىغان.

2006 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆججەتلەردە، ئۇنىڭ مەزكۇر بانكىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ پېيىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنالمىغان.

2007 - يىلى كېرىم مەسىموف نەزەرباييوف تەرىپىدىن قازاقىستاننىڭ باش مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. بەزى تەھلىلچىلەر ئۇنىڭ بۇ جەرياندا خىتاينىڭ قازاقىستاندىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوللاپ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېرىم مەسىموفنىڭ خىزمەت جەريانىدا ئۆزگە بىر نەچچە خىل خىتايچە ئىسىم ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

بەزى مەنبەلەر كېرىم مەسىموفنىڭ ئەينى يىللىرى سابىق پىرېزىدېنت نەزەرباييوف تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە كۆرۈلگەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى يازغان.

كېرىم مەسىموفنىڭ قېيىنئاتىسى راخات ئەلىيوف كىتابىدا كۈيئوغلىنىڭ قازاقىستان پىرېزىدېنتىنىڭ باش خەزىنىدارلىق رولىنى ئالغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ يەنە 1999 - يىلى يۈز بەرگەن «Kazakhgate» سەتچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋاستىچىلىق رول ئوينىغانلىقى قايتا-قايتا تىلغا ئېلىنغان.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە قازاق ئەمەلدارلارنىڭ ئامېرىكا نېفىت شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە پارا بەرگەنلىكىگە ئائىت پۇل يۆتكەش ئۇرۇنۇشىنى تەستىقلىغانلىقى ۋە بۇ پۇلنىڭ شىۋېيتسارىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك بانكىلارغا يۆتكەلگەنلىكى كېيىن ئاشكارىلانغان.

## خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشى

قازاقىستان مەتبۇئاتلىرى كېرىم مەسىموفنىڭ خىتاي شېئىرىيىتىگە ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقى بىلەن تونۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن، ئۇنىڭ خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپلا قالماي، يەنە خىتاينىڭ بىر قىسىم پۇل-مۇئامىلە گورۇپپىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ ئەيىبلىگەن. بۇ ئەيىبلەشلەر خىتاينىڭ قازاقىستاندا پۇرچاق تېرىش ۋە خىتاينىڭ ھۆكۈمەت تۈرلىرىگە قەرز بېرىش قاتارلىق چوڭ سەتچىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى قاتارلىقلار بىلەن داۋاملاشقان.

خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى بارلىقى قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن مەسىموف ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشتا مول تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ سودىدىكى شەخسىي مەنپەئەتىدىن باشقا يەنە، 2008 - يىلى سىنگاپوردا 7 مىليون 500 مىڭ دوللارلىق ھەشەمەتلىك ئۆي-مۈلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئەمما ھېچقايسىسى ئىسپاتلانمىغان. تەھلىلچى قانات بېرىنتايوف باياناتىدا، قازاقىستان تامۇژنا بىرلىكى دائىرىسىدە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى خىتاينىڭ تەسىرىگە تاشلاپ قويغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## كېرىم مەسىموفنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولى

قازاقىستان باش مىنىستىرى كەرىم مەسىموف ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ 2005 - يىلدىن باشلاپ رەقەملىك كونترول مېخانىزمىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ 2012 - يىلغىچە بولغان دەۋرىدە قازاقىستان سىنگاپوردىن قالسىلا يۇقىرىلارغا تور ئىلتىماسى ئارقىلىق كابىنېت بىلەن ئالاقە قىلىش پۇرسىتى بېرىشتەك ئۇچۇر تېخنىكا تۈرىدە دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. شۇنداقلا بارلىق قازاقىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق سىستېمىسىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىدا چىڭ تۇرغانلىقىمۇ مەلۇم.


## كېرىم مەسىموفنىڭ ئائىلىسى

كەرىم مەسىموفنىڭ ئايالى دىليارا مەسىموۋا بولۇپ، ئۈچ پەرزەنتى بار. قىزى تامىلا مەسىموف سىنگاپوردا ئوقۇماقتا.

## قىزىقىشلىرى

كېرىم مەسىموف بىر كەسپىي تەنھەرىكەتچى. ئۇ مۇشتلىشىش-چېلىشىش سەنئىتىنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، قازاقىستاندىكى تايلاندچە بوكس بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. شۇنداقلا جانبازلىق بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولغان. ئۇ يەنە خىتاي ۋە ياپون شېئىرىيىتىگىمۇ ئالاھىدە قىزىقىشى بىلەن تونۇلغان.

2022 - يىلى 14 - يانۋار



# دۇنيا ئىماملار كېڭىشى بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى


GICS192021

30th December 2021

GLOBAL IMAMS COUNCIL

GIC STATEMENT ON THE 2022 WINTER OLYMPICS

And never think that God is unaware of what the oppressors do.
- The Holy Quran 14:42

The Global Imams Council is the world's first and largest transnational non-governmental body of Muslim faith leaders from all Islamic denominations and schools of thought. We stand in support of, and united with, the oppressed Uyghur Muslims. The Chinese Government continues to violate Chinese Muslims' basic human and fundamental rights through oppression, torture, and dictatorship.

By the authority bestowed upon this Council by the Holy Islamic Seminary of Najaf and the Eminent Muftis of the Islamic World, the Global Imams Council rules that participation and attendance in the Beijing 2022 Olympics are prohibited. This event directly serves the interests of a tyrannical and oppressive regime that is responsible for the genocide and ethnic cleansing of Uyghurs. We applaud the growing number of organizations boycotting the Beijing 2022 Olympics and reaffirm our solidarity with the World Uyghur Congress. Additionally, we extend our gratitude to the many faith leaders and religious organizations that have expressed their support to Muslims during their calamities.

Cc: Their Excellencies:

Imam Ahmed Mohamed Ahmed El-Tayeb, Grand Imam of Al-Azhar;
Imam Shawki Ibrahim Abdel-Karim Allam, Grand Mufti of Egypt;
Imam Sheikh Abubakr Ahmad, Grand Mufti of India;
Imam Rawil Gaynutdin, Grand Mufti of Russia;
Imam Husein Kavazović, Grand Mufti of Bosnia and Herzegovina;
Imam Ahmed bin Hamad al-Khalili, Grand Imam of the Sultanate of Oman;
Imam Allahshükür Hummat Pashazade, Sheikh ul-Islam and Grand Mufti of the Caucasus;
Mr. Dolkun Isa, President of the World Uyghur Congress.

THE PRESIDENT
رئيس المجلس

SENIOR IMAMS COMMITTEE
اللجنة العليا

Imam Mohammad Baqir al-Budairi
President

The Global Imams Council
المجلس الإسلامي العالمي لعلماء الدين
www.imams.org
hq@imams.org

خەلقئارالىق ئىسلامىي تەشكىلات «دۇنيا ئىماملار كېڭىشى» ئالدىنقى ھەپتە بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

مەزكۇر باياناتتا دۇنيا ئىماملار كېڭىشىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ باستۇرۇش، قىيىن-قىستاق ۋە دىكتاتورلىق قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دۇنيا ئىماملار كېڭىشى باياناتىدا بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىغا قاتنىشىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە پەتىۋا چىقارغانلىقىنى، بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئېتنىك تازىلاش يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي رېجىمىنىڭ نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرغان.

دۇنيا ئىماملار كېڭىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆلىمالاردىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات بولۇپ، نۆۋەتتە مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار. ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن دوكتور ئالىمجان بۇغدا بىلەن ئۇستاز تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن 2020 - يىلى 9 - ئايدا دۇنيا ئىماملار كېڭىشى مەسلىھەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانىدى.

نۆۋەتتە ئىدرىس ھەسەننى قۇتقۇزۇش، بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە خەلقئارادىكى كۆپلىگەن ئىسلامىي تەشكىلاتلار





# ئىستانبۇلدا خىتاي ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇلدى

بۈگۈن ئىستانبۇلدىكى چاغلايان سوت مەھكىمىسى ئالدىدا، خىتاي ئۈستىدىن ئىستانبۇل باش تەپتىش مەھكىمىسىگە سۇنۇلغان جىنايى ئىشلار ئەرزنامىسى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى گۈلدەن سۇنىمەز، رۇمەيسا كابائوغلى، خالىل ئىبراھىم چەلىك، مۇھەممەد فۇرقان يۈز، فۇرقان ئارال، ئەيۈبجان ئاقچاي، سۇمەييە كۆكچە، فاتىمە تۇنچ قاتارلىق تۈرك ئادۋوكاتلار تەشكىللىگەن بولۇپ، كۆپلىگەن ئاخبارات ئورگانلىرى قاتناشتى.

ئالدى بىلەن ئادۋوكات گۈلدەن سۇنىمەز خانىم سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان، ھەرخىل شەكىلدە جازالانغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى تۇغقانلىرى ياكى يېقىنلىرىنىڭ خىتاي ئۈستىدىن ئىستانبۇل باش تەپتىش مەھكىمىسىگە جىنايى ئىشلار ئەرزنامىسى سۇنۇش ئۈچۈن ئادۋوكاتلارغا ۋاكالەت ھوقۇقى بەرگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، خىتاي ئۈستىدىن ئىستانبۇل باش تەپتىش مەھكىمىسىگە جىنايى ئىشلار ئەرزنامىسى سۇنغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئادۋوكات رۇمەيسا كابائوغلى خانىم بايانات ئوقۇدى. باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن خورلىغانلىقى، زىيانكەشلىك قىلىش، دىنىي ۋە كۈلتۈرىنى چەكلەش، ئائىلىسىنى پارچىلاش، ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش، نوپۇس چەكلەش، خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقانلىقى، مەزكۇر جىنايى قىلمىشقا چېتىلغان شى جىنپىڭدىن باشلاپ، جازا لاگېرى مەسئۇللىرى، خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئەمەلدارلىرىدىن 112 كىشىنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ باش تەپتىش مەھكىمىسىگە بىلدۈرۈلگەنلىكى قەيت قىلىندى.

باياناتتا يەنە تۈركىيە باش تەپتىش مەھكىمىسىگە سۇنۇلغان ئەرزنامىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆلچىمىگە توشىدىغانلىقى، خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىشى كېرەكلىكى، جازا لاگېرىدا يېتىۋاتقان تۈركىيە پۇقرالىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

ئارقىدىن جازا لاگېرى قۇربانلىرىدىن بىر نەچچە كىشى سۆز قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئائىلىسى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى ۋە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلدى.



# ئەرەب-ئىسلام دۇنياسى ئۇچۇن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە چوڭ تىپتىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئەرەب-ئىسلام دۇنياسى ئۇچۇن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە چوڭ تىپتىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

4 - يانۋار ئىستانبۇلدا ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى: سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تېمىسىدا چوڭ تىپتىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئاكادېمىيەسى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، ئىسلام ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ يېنىبوسنا رايونىغا جايلاشقان گورىيون مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

تۆت سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان، ئەرەب تىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنغا ھەرقايسى ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلار، ئاكادېمىكلار، سىياسەتچىلەر ۋە ئاخباراتچىلار قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنى ئىككى باسقۇچ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچلۇق يىغىنغا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئاكادېمىيە رەئىسى دوكتور ئىسام ئابدۇشاقى رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالدى بىلەن تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى «IHH» نىڭ رەئىس ۋەكىلى ھۈسەيىن ئورۇچ سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر ئىسلام تۇپرىقى ئىكەنلىكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن ئىسلام دۇنياسى مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى دوكتور ئەمەل خەلىيفە خانىم «شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەرىتىسى ھەققىدە مەلۇمات» تېمىسىدا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى تونۇشتۇردى.

ئىنسان ھەقلىرى ۋە خىتاي-ئەرەب ئەللىرى مۇناسىۋىتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى: ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەرىتىسى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» تېمىسىدا سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە خىتاينىڭ




شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا قارشى باستۇرۇش سىياسىتىنى، نۆۋەتتە سىستېمىلىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاكىتلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار مەركىزى تۈركىيە شۆبىسىنىڭ مۇدىرى دوكتور مۇھەممەد سەفەر «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى: يىلتىز ۋە ئۆزگەرتىش» تېمىسىدا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئون نەچچە ئەسىردىن بېرى ئىسلام تۇپرىقى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ زېمىندا تۈرك خەلقىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى، خىتاي بىلەن تۈركلەرنىڭ تارىختىن بېرى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىپ كەلگەنلىكىنى، خىتايلارنىڭ تۈركلەردىن قورقۇپ




سەددىچىن سېپىلىنى سالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە تۈركىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم رول ئېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئەلجەزىرە قانىلى پاكىستان ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى دوكتور ئەھمەد مۇۋەفق زەيدان «ئافغانىستاندىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان رېئاللىقىغا بولغان تەسىرى» تېمىسىدا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم «تۈركىستان كېچىلىرى» ناملىق كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان بىلەن تونۇشقانلىقىنى، ئافغانىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرىنى، تالىبان ئىسلام ئەمىرلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ چېگرا ۋەزىيىتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقۇچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بىر قىسىم سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇلۋارىس خوتەن رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئىككىنچى باسقۇچتا ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، بۈگۈنكى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلگىرى مۇستەقىل بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى قىرغىن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماي، يېقىنقى يىللاردىن بېرى جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى غەرب ئەللىرى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ قېرىنداشلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئادۋوكات، خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسى دوكتور تارىق شەندەب «شەرقىي تۈركىستاننىڭ





كەلگۈسى ئۈچۈن تەكلىپ» تېمىسىدا سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە شاھىت بولۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ كىشىلەرگە جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، روھىي جەھەتتىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىن-قىستاق ئۇسۇللىرىنى قوللىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئىنسانىي نۇقتىدىن ھېسداشلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.



ئىسلام تەتقىقاتى ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەر مەركىزىنىڭ مۇدىرى دوكتور سامىي ئەريان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى ئىستراتېگىيە تەسەۋۋۇرى» تېمىسىدا سۆز قىلدى. ئۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنىڭ يېڭى مەسىلە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇنى تارىختىن بېرى تەكرارلاپ كەلگەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەت مۆھىتىدىن پايدىلىنىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان يېقىنچىلىقىدىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى تونۇپ يېتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئەرەب مېدىيالىرىنىڭ رولى: باھا ۋە تەلەپلەر» تېمىسىدا سۆز قىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئۇيغۇرلارنى تېرروررچى قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بولسا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقۇچىلارنىڭ يەنە بىر قىسىم سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ئاخىرىدا ئىستانبۇل شەھەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق رەئىس مەسلىھەتچىسى، ئاكادېمىك مۇفىد يۈكسەل سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شانلىق تارىخىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى تۈرك-ئىسلام دۇنياسىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى، ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ۋە تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئەلجەزىرە، ۋەتەن قاتارلىق داڭلىق ئەرەبچە قاناللاردا، شۇنداقلا بىر قىسىم ئەرەبچە سەھىپىلەردە تارقىتىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تەكىتلەنمەكتە.





# ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى ژۇرنالىستلار كۈنىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى

تۈركىيەگە جايلاشقان خەلقئارا مېدىيا جەمئىيىتى «10 - يانۋار ژۇرنالىستلار كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن، تۇنۇگۈن نەمۇنىلىك ژۇرنالىستلارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) رەئىسى ئابدۇلۋارىس خوتەن ئەپەندىمۇ بۇ قاتاردا مۇكاپاتلاندى.

ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر مۇراسىمغا كۆپلىگەن خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە قاناللىرى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ژۇرنالىستلار، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) ۋەكىللىرى تەكلىپكە بىنائەن ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمدا خەلقئارا مېدىيا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەتىن تۇران ئەپەندى جەمئىيەتنىڭ تەسىس قىلىنىشىنىڭ مەقسىتى ۋە بۇ قېتىملىق يىغىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئارقىدىن TRT ئەرەبچە، BBC ئەرەبچە، ۋەتەن، شەرق قاتارلىق داڭلىق قاناللارنىڭ، شۇنداقلا ئانادولۇ ئاگېنتلىقى ئەرەبچە بۆلۈمى قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ بىر قىسىم ژۇرنالىستلىرى مۇكاپاتلاندى. شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتىنىڭ (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) رەئىسى ئابدۇلۋارىس خوتەن ئەپەندىمۇ ئىستىقلال ئەرەبچە بۆلۈمىنىڭ (وكالة أنباء تركستان الشرقية) كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى سەۋەبلىك، نەمۇنىلىك ژۇرنالىستلار قاتاردا مۇكاپاتلاندى.

مۇكاپاتنى ئابدۇلۋارىس ئەپەندىگە ۋاكالىتەن ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تۈركچە بۆلۈم مەسئۇلى مۇھەممەد ئەلى ئاتايۇرت تاپشۇرۇۋالدى ۋە قىسقىچە سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ نۆۋەتتە زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان 35 مىليون خەلقنىڭ ئاۋازى بولۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى ۋە بۇ مۇكاپاتقا لايىق دەپ قارالغانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى خەلقئاراغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەلقئارا مېدىيا جەمئىيىتى ئاساسلىقى ئەرەب تىلىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئالاقە ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە تۈركىيەدە قۇرۇلغان تەشكىلات بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتىمۇ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ.



# سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمدۇللاھ ۋەلى داموللام بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغانلىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى.

نامايىش 10 - يانۋار سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشچىلار ھەمدۇللاھ ۋەلى داموللام بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، «ھەمدۇللاھ ۋەلىگە ئەركىنلىك»، «نۇرمۇھەممەت روزىغا ئەركىنلىك» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىككى ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

ھەمدۇللا داموللامنىڭ قىزى سۇمەييە ئايتۇرك ۋە يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار 11 - يانۋار ئوخشاش ئورۇندا نارازىلىق نامايىشنى داۋاملاشتۇرغان. سۇمەييە ئايتۇرك سەئۇدى ھۆكۈمىتى دادىسىنى تۈركىيەگە قايتۇرۇپ بەرمىگۈچە، نارازىلىق نامايىشنى توختاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ فېيسبۇك سەھىپىسىدە خەلققە خىتاب قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى نارازىلىق نامايىشىغا چىقىشقا چاقىرغان.

مەلۇم بولۇشىچە، نامايىش ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىككى سائەت داۋاملىشىدىكەن. نامايىش نۆۋەتتە ئىككىنچى كۈنىگە قەدەم قويغان بولۇپ، بۈگۈن رايونلۇق بىخەتەرلىك تارماقلىرى كونسۇلخانا ئالدىدىكى قوغدىغۇچى خادىملارنى كۆپەيتكەن.

> ھەمدۇللاھ ۋەلى 2020 - يىلى -2ئاينىڭ -3كۈنى ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان بولۇپ، كېيىن خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك يول تاقىلىپ قالغاچقا، تۈركىيەگە قايتىپ كېلەلمىگەن. سەئۇدى ئەرەبىستان ساقچىلىرى 2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھەمدۇللاھ ۋەلى بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىن تۇتۇپ كەتكەن. شۇندىن بۇيان سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى بىگۇناھ تۇتۇپ تۇرغاندى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تۈركىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامىتى بار بولسىمۇ، ئالدىنقى ھەپتە سەئۇدى دائىرىلىرىنىڭ ھەمدۇللاھ ۋەلى بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغانلىقى ئاشكارىلانغان.



# خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگە ھۇجۇم قىلدى

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن تۈنۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى مەسىلىسىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇندى.

---

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 14 - يانۋار ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا CGTN مۇخبىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتى مەسىلىسى ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بەرگەن. بۇندىن بۇرۇن خىتاينىڭ مەزكۇر جىنايەتلىرىنى قىسقا جاۋابلار بىلەن ئىنكار قىلىپ كەلگەن ۋاڭ ۋېنبىن بۇ قېتىم تەپسىلىي جاۋاب بەرگەن بولۇپ، دوكتور ئادرىيان زېنز، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ۋە سايراگۇل ساۋۇتباي، تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن قاتارلىق جازا لاگېرى شاھىتلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندىن سىرت، ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، تۆھمەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى.

ئۇ جاۋابىدا ئالدى بىلەن خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشتا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان دوكتور ئادرىيان زېنزغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات نامىدا يالغان مەلۇمات تارقاتقانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە: «ئادرىيان زېنز 900 مىڭدىن بىر مىليون 800 مىڭغىچە بولغان كىشىنىڭ شىنجاڭدا سىستېمىلىق تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ تايانغان مەنبەسى بولسا تۈركىيەدىكى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى دېگەن تاراتقۇ ئورگىنىنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي ئىسپاتى بولمىغان بىر خەۋىرى. بۇ تاراتقۇ ئورگىنىنىڭ رادىكال كۈچلەر بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كاتىپىشى ئابدۇقادىر ياپچان ئۇلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى» دەپ بىلجىرلىغان.

ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلىنغان جازا لاگېرلىرىنىڭ ۋە قامالغانلارنىڭ سانى قانداقتۇر بىرەر ئاخبارات ئورگىنى ئويدۇرۇپ چىققان مەلۇماتلار بولماستىن، خەلقئارالىق تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى، جازا لاگېرى شاھىتلىرى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۈچۈق مەنبەلىرى ۋە ئاشكارىلانغان مەخپىي ھۆججەتلىرى ئاساسىدا ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ

كەلمەكتە. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي رېجىمى 2020 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلغان ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشى كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابىدا 2014 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستاندا ھەريىلى بىر مىليون 300 مىڭ كىشىنىڭ «تەربىيەلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى» دەۋا قىلىنغان بولۇپ، ئانالىزچىلار بۇنىڭغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندا سەككىز مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ جازا لاگېرىغا قامالغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئەمەلىي ساننىڭ بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى خىتاي رېجىمى دەۋا قىلغاندەك رادىكال كۈچلەر بولماستىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، ئىشغالىيىتىنى، ساختا تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلىپ كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، ئۆلىما-زىيالىيلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە شاھىتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن خىتاي ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان بۇندىن ئىلگىرى خىتاينىڭ تۆھمەت بىلەن تۈركىيە سوتىغا ئەرز قىلىشىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۈلتۈر 3 - ئايدا تۈركىيە سوتى خىتاينىڭ تۆھمەتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇنى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى. ئەمما خىتاي ھازىرغىچە قارا نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي، يۇقىرىقىغا ئوخشاش سەھنىلەردە ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىق مۇستەقىللىق دەۋاسى يېتەكچىلىرىگە، شۇنداقلا لاگېر شاھىتلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

بۇ خىتاينىڭ ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگە تۇنجى قېتىم ھۇجۇم قىلىشى ئەمەس بولۇپ، 2020 - يىلى 6-ئايدا خىتاينىڭ يەرشارى ۋاقىت گېزىتى قاتارلىق كۆپلىگەن ئورگان تاراتقۇلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان تەپسىلىي ماقالىسىدىمۇ ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگە «بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىدۇ، دائىم رادىكال شەخسلەرنى ئېكرانغا چىقىرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن ھۇجۇم قىلغانىدى.

بۇلاردىن سىرت، خىتاي رېجىمى خاككېر گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ ھەرقايسى تىللاردىكى تور بېكەتلىرىگە، مۇلازىمېتىرلىرىغا ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابلىرىغا قاراتقان ھۇجۇمىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.




第一点体会，撒谎是需要伪装的，涉疆谎言制造者经常给自己披上三件“外衣”。

第一件是“学术”外衣，就是以学者或者学术机构的名义散布谣言，其代表是郑国恩。郑国恩声称有“90万至180万人在新疆被系统拘留”，他的出处是土耳其一家媒体——Istiqlal TV的一篇毫无事实依据的报道。这家媒体和极端分子关系密切，被联合国列名的恐怖组织“东伊运”头目阿不都卡德尔·亚甫泉就是它的常客。郑国恩还声称“新疆仍有70%的棉花依靠人工采摘”，这同新疆棉花机械采摘率已超过85%的实际完全相反。事实表明，所谓的“中国问题专家”郑国恩，只是一个毫无学术操守的伪学者。




دانىيە ھۆكۈمىتى خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ھېچقانداق رەسمىي ۋەكىل ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

دانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جېپپ كوفود دانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە رەسمىي ۋەكىل ئەۋەتمەسلىكنى قارار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا قىلغان سۆزىدە: «ھۆكۈمەت بىزنىڭ خىتايدىكى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشمايدىغانلىقىمىزنى قارار قىلدى، دانىيە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىمىز سىر ئەمەس» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن.

ئۇندىن باشقا گوللاندىيە ھۆكۈمىتىمۇ تۇنۇگۈن بايانات ئېلان قىلىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىغا ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك چىقىرىلغان قارار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بۇ يىل 4 - فېۋرالدىن 20 - فېۋرالغىچە خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى دۆلەتتىن سىرت، ھازىرغىچە ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ئەنگلىيە، كانادا، شوتلاندىيە، لىتۋانىيە ۋە كوسوۋو قاتارلىق دۆلەتلەر بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى رەسمىي دىپلوماتىك بايقۇت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يېڭى زېللاندىيە، ئاۋستىرىيە، ياپونىيە ۋە گېرمانىيە بولسا بارلىق ياكى قىسمەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، «دىپلوماتىك بايقۇت» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتمىدى.





# فىرانسىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى

فىرانسىيە پارلامېنتى مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى ۋە ماكرون ھۆكۈمىتىنى بۇ قارارغا ئاۋاز قوشۇشقا چاقىردى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، فىرانسىيە پارلامېنتى بۈگۈن (20 - يانۋار) 169 ئاۋازنىڭ قوللىشى، بىر ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى، بەش ئاۋازنىڭ ۋاز كېچىشى نەتىجىسىدە قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەن.

فىرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئولىۋېر فور پارلامېنتتا مەزكۇر تەكلىپ لايىھەسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. ئۇ خىتاي رېجىمىنى «بىر مىللەتنى كۇلتۇر ۋە بىيولوگىيەلىك جەھەتتىن يوقىتىشنى نىشان قىلغان رەھىمسىز ئاپپارات» دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە غەربنىڭ چوڭ شىركەتلىرى ۋە ماركىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋاستىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى تەنقىد قىلغان.

مەزكۇر تەكلىپتە فىرانسىيە پارلامېنتىدىن خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش




قىلمىشلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىش، بۇ نۇقتا بويىچە خىتاينى ئەيىبلەش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا فىرانسىيە ھۆكۈمىتىدىن خەلقئارا جەمئىيەتتە خىتاينى ئەيىبلەش ۋە خىتايغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتىدە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەزكۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنغان.

فىرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فىرانك رىستېر ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق باستۇرۇش ۋە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىسپاتلارنى تىلغا ئالغان. ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى رەسمىي بېكىتىش مەسىلىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەس، بەلكى خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما فىرانسىيەنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت، ئۇچرىشىشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە توختىلىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

-17يانۋار چۈشتىن كېيىن ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە فىرانسىيە پارلامېنتىدىكى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ھەمكارلىقىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، گۈلباھار خاتىۋاجى، گۈلباھار جېلىل، ئۆمەر بېكالى ۋە قەلبىنۇر سىدىق قاتارلىق لاگېر شاھىتلىرى گۇۋاھلىق بەرگەندى.

فىرانسىيە پارلامېنتىنىڭ بۇ قارارنى ماقۇللىشىدا ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دىلنۇر رەيھان خانىم قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.






# ئىستانبۇلدا بېيجىڭ ئولىمپىكىغا قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئىستانبۇلدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى ئېلان قىلدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە ئەزا تەشكىلاتى بولغان شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ ئاتاكۆي رايونىغا جايلاشقان



ئولىمپىك مەركىزى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە 300 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى. قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىغا قارشى تۇرايلى!»، «بېيجىڭ ئولىمپىكنى بايقۇت قىلايلى» دەپ يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرگەن خەلق «ئىرقىي قىرغىنچىلىق توختىتىلسۇن!»، «تۈركىيە قېرىنداشلىقىڭغا ئىگە بول!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاشتى.

ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تاھىر كۆكبايراق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى تۈركچە بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتتا خىتاينىڭ 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا بېسىپ كىرگەندىن بۇيان، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى خەلقئارادا بىر نەچچە دۆلەت ۋە نەچچە ئونلىغان تەشكىلاتلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى، مەزكۇر دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك يېقىندا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلغانلىقىنى، خەلقئارا



جەمئىيەتنىڭ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئەرەبچە بايانات ئېلان قىلىپ، ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە ئىسلام دىنغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىنى، شۇنداقلا تۈرك دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قېرىنداشلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا، ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى كونيا ۋەكىلى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئىنگلىزچە بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتتا ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى سەۋەبلىك، بىر قانچە دۆلەت ختايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلغان بىر پەيتتە، بارلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ، بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

نۆۋەتتە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش ھەققىدىكى خەلقئارالىق چاقىرىقلار داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، خەلقئارالىق ئولىمپىك كومىتېتىغا قارىتىلغان تەنقىدلەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە.





# ما شىڭرۇي «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش»تا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى

خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يېڭىدىن تەيىنلىگەن باش ئەمەلدارى ما شىڭرۇي 22 - يانۋار ئېچىلغان بىرلەشمە مۇزاكىرە يىغىنىدا «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش» سىياسىتىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - يىغىنىنىڭ ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەتلەر ساھەسى، دىن ساھەسى مەسىلىسى» ھەققىدە ئېچىلغان مۇزاكىرە يىغىنىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر خىل دىنىي چەكلىمە ۋە ئىسلام دىنىغا قارشى تېررور سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ: «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك» دەپ جار سالغان.

يىغىنغا قورچاق ئەمەلدارلاردىن زۇمرەت ئوبۇل، قادىر كەبىر، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار قاتناشقان بولۇپ، يىغىندا سۆز قىلغان ما شىڭرۇي: «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى دۆلەت بىرلىكىنىڭ ئۇلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، مەنىۋى كۈچىنىڭ جېنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قانۇنىي ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان دىنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي رېجىمى ئالدىنقى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، جۇملىدىن چېن چۈەنگو دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر تېررور سىياسىتىنى ئىجرا قىلغان بولۇپ، ئوچۇق-ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا سەككىز مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرىغا قامىغاندىن سىرت، خەلقنى خىتايلاشتۇرۇش، جۈملىدىن ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى كۈچەپ ئىجرا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى، نەچچە مىڭلىغان دىنىي زاتلار، ئۆلىمالار ئۆلتۈرۈلدى ياكى تۈرمىگە تاشلاندى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش» قاتارلىقناملار بىلەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پەردازلاشقا، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكىنى، يېقىندا باش ئەمەلدارىنى ئالماشتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك بېسىملارغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# ئۇيغۇر تارىخىنى بۇرمىلاشقا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەركىن تۇنىياز رەسمىي رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى




سابىق قورچاق ئەمەلدار شۆھرەت زاكىر سىرلىق ھالدا «ئىستىپپا بېرىپ» چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»غا مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ كېلىۋاتقان ئەركىن تۇنىياز رەسمىي رەئىس بولۇپ سايلاندى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى خەلق تورىنىڭ خەۋەرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 27 - يانۋار ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ رەسمىي رەئىسلىكىگە، تېيەن شياڭلى رېۋزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

59 ياشلىق ئەركىن تۇنىياز ئۇزۇن يىللاردىن بىرى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا سادىق خىزمەت قىلىۋاتقان قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى خوتەن ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتتا ئىشلىگەن ۋە 2014 - يىلدىن باشلاپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇ بۇلتۇر 30 - سېنتەبىر شۆھرەت زاكىرنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ ئالماشقانىدى.

ئەركىن تۇنىياز 2018 - يىلى «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى توغرا تونۇيلى» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ قۇل ۋە قۇلدار مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، ئۇيغۇر كادىرلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى» چۈشەنچىسىدە ئېغىپ كەتكەنلىكىنى جار سالغانىدى.

ئۇ مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە: «ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىر يەردە ياشىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار تۈرك ئەمەس. ئۇيغۇرلارنى تۈرك مىللىتىگە چېتىش پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ۋە بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەشۋىقاتى» دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ بۇلتۇر يېڭىدىن مۇۋەققەت رەئىسلىككە سايلانغاندىن كېيىن، خىتاي ئاخبارات ئورگانلىرى ئۇنى تونۇشتۇرغاندا ئۇنىڭ مەزكۇر ماقالىسىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىپ خەۋەر قىلغانىدى.



# خىتاي ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈردى

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئىشخانىسى مىشىل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە ئىنكاس بىلدۈردى.


جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى 28 - يانۋار ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان مەنبەلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، خىتاي بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ب د ت دىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلماي تۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن تۈنۈگۈن بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بېرىشنى قارشى ئالىدىغانلىقى، ئەمما زىيارەتنىڭ مەقسىتى تەكشۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلىشى، سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلماسلىقى كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

ئانادولۇ ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاۋ لىجيەندىن خىتاي تەرەپنىڭ ب د ت نىڭ زىيارىتىگە شەرت قويۇپ، ئولىمپىك مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنى ئېلان قىلماي تۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرگە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما جاۋ لىجيەن بۇ سوئالغا بىۋاستە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنىڭ باياشات، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى، خىتاي تەرەپنىڭ ئۆزىگە قارا سۇركەيدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە قارشى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

> رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ يەنە بىر خەۋەرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى خىتاينىڭ زىيارەتكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى دەلىللىگەن بولۇپ، ئۇ مەزكۇر زىيارەتنىڭ رىئال ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى، ب د ت ھەيئىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر تۈركۈم ئورۇن ۋە شەخسلەرنى خىتاينىڭ نازارىتىسىز زىيارەت قىلالىشى كېرەكلىكىنى ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزەلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.
>
> بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشىل باچېلېت 2018 - يىلىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش ھەققىدە خىتاي بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە خىتاي ھەر خىل يولسىز شەرتلەرنى قويۇپ تەكشۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلغانىدى.

# خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، ئەمما ئىنسانىيەت ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سۈكۈتنى تاللىماقتا.



# مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **ئىرشات سەرھان** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2**<br>**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**